# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 12 ـ ئاي
20
جۈمە
维吾尔文 12 月20日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24915 ـ سان بۈگۈن 8 بەت


# شى جىنپىڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ قارشى ئېلىش كەچلىك زىياپىتىگە قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى



12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ قارشى ئېلىش كەچلىك زىياپىتىگە قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى جۇڭفا، چېن جيەنشىڭ، گو شىن)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كەچتە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ قارشى ئېلىش كەچلىك زىياپىتىگە قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىنگەندىن بۇيانقى 20 يىل، ئاۋمېن تارىخىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەڭ تېز، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئەڭ زور بولغان مەزگىل، شۇنداقلا ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە شان ـ شەرىپىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان مەزگىل. ئاۋمېننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ھاسىل قىلغان تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلىرى «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقىدىن بولغان، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ۋەتىنىمىز ئىچكىرى رايونلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدىن بولغان، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ پائال نەتىجە ياراتقانلىقى ۋە ئاۋمېن جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھەنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىدىن بولغان.

ئاۋمېن شەرقىي ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەنتەربىيە سارىيىنىڭ زىياپەت زالىدا كەيپىيات خۇشال، قىزغىن ئىدى. سائەت 18لەردە، شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ باش مەمۇرى سۈي شىئەن ۋە رەپىقىسى خو خۇيفېننىڭ ھەمراھلىقىدا زالغا كىردى، پۈتۈن زالدىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، چاۋاك چېلىپ قارشى ئالدى.

قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىقە ۋاكالىتەن، بارلىق ئاۋمېن ئاھالىسىگە سەممىي سالام يوللىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: ئاردىن بەش يىل ئۆتكەندە ئاۋمېنغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ، ئاۋمېننىڭ تەرەققىي قىلىپ كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولۇش كەيپىياتىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ئىكەنلىكىنى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنىڭ مەزمۇت، كۈچلۈك بولۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلار «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» پرىنسىپىنىڭ تەلىپىنى ئاۋمېننىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، ئاۋمېننىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىدە نۇرغۇن يارقىن نۇقتىلارنى بارلىققا كەلتۈردى: ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يادرولۇق قىممىتىگە ئايلاندى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ ئاۋمېن ھۆكۈمەت ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزى ۋە يىڭسەي مەكتىپىنى كۆزدىن كەچۈردى



12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى سۈي شىئەننىڭ ھەمراھلىقىدا، ئاۋمېن خېيشاخۇەنگە جايلاشقان ھۆكۈمەت ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزى ۋە خاۋجياك ئوتتۇرا مەكتىپى قارىمىقىدىكى يىڭسەي مەكتىپىگە كېلىپ، ئاۋمېن شەھەر ئاھالىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ خېيشاخۇەندىكى ھۆكۈمەت ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزىدە ئاۋمېن شەھەر ئاھالىلىرى بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇرماقتا. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى جۇڭفا، جۇ جېجەي، گو شىن)** 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى سۈي شىئەننىڭ ھەمراھلىقىدا، ئاۋمېن خېيشاخۇەنگە جايلاشقان ھۆكۈمەت ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزى ۋە خاۋجياك ئوتتۇرا مەكتىپى قارىمىقىدىكى يىڭسەي مەكتىپىگە كېلىپ، ئاۋمېن شەھەر ئاھالىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى.

خېيشاخۇەندىكى ھۆكۈمەت ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزى 2009 ـ يىلى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، نۆۋەتتە 26 ھۆكۈمەت تارمىقى جەمئىي 335 تۈرلۈك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. شى جىنپىڭ مۇلازىمەت بىناسىغا كېلىپ، زالدا كۆرگەزمە تاختىسىنى كۆردى ھەم مەمۇرىي مۇلازىمەت بايلىقىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق شەھەر ئاھالىلىرىنى «بىر كۆزنەك»لىك مەمۇرىي ئىشلار مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. سالاھىيەت ئىسپاتى ۋە جەمئىيەت كاپالەت مۇلازىمىتى مەخسۇس رايونىدا،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى ئاۋمېندا ئۆتكۈزۈلدى

## شى جىنپىڭ قاتناشتى، كۆردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار جۇ جېچا، جاۋ بو)** خاۋجياك دەرياسىغا باغلانغان رىشتە، جۇڭگو مېھرى چوڭقۇر قەلبتە. ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كەچتە ئاۋمېن شەرقىي ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئويۇننى كۆردى.

ئويۇن قويۇش نەق مەيدانىدا چىراغلار چاقناپ تۇراتتى، شاد ـ خۇرام بايرام كەيپىياتىغا تولغانىدى. سەھنىنىڭ دەل ئوتتۇرىدا، نۇر سايىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پورەكلەپ تۇرغان غايەت زور نىلۇپەر كۆرۈنۈشى ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ جۇڭگو بىلەن پورتۇگال تىلىنى قوللىنىدىغان دۆلەتلەر سودا ھەمكارلىق مۇلازىمەت سۇپىسى ئۇنىۋېرسال گەۋدىسىنى كۆزدىن كەچۈردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار چېن جيەنشىڭ، جاۋ بو)** 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى سۈي شىئەننىڭ ھەمراھلىقىدا جۇڭگو بىلەن پورتۇگال تىلىنى قوللىنىدىغان دۆلەتلەر سودا ھەمكارلىق مۇلازىمەت سۇپىسى ئۇنىۋېرسال گەۋدىسىگە كېلىپ كۆزدىن كەچۈردى.

ئەمەلدا قۇرۇلغان جۇڭگو بىلەن پورتۇگال تىلىنى قوللىنىدىغان دۆلەتلەر سودا ھەمكارلىق مۇلازىمەت سۇپىسى ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى ئاۋمېندىكى نەنۋەن كۆلى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇڭگو ــ پورتۇگال تىلىنى قوللىنىدىغان دۆلەتلەر ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىق مۇنبىرى (ئاۋمېن)نىڭ مۇقىم يىغىن مەيدانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سودا مۇلازىمىتى، ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشى، تاۋار كۆرگەزمىسى،

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)




# 17 يىل قىزىل تۇپراقتا يىلتىز تارتىش 44 دۇكاندا ئىتتىپاقلىق گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇش

ئابدۇللا غوجىھاشىم جياڭشى ئۆلكىسى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس بولۇپ باھالاندى

گېزىتىمىز مۇخبىرلىرى لى چۈنشيا، **مېھرىگۈل غوپۇر**، جياڭشى گېزىتىنىڭ مۇخبىرلىرى **خۇاڭ خۇيفېڭ، سۇڭ سىجيا** خەۋەر قىلىدۇ: «ئاپا، قاراڭ، بۇ جياڭشى ئۆلكىسى ماڭا تارقىتىپ بەرگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەقدىرنامىسى!» 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، نەنچاڭ شەھىرى گۇاڭچاڭ شەرقىي يولىدىكى شىنجاڭ ئابلاجان كاۋاپ شاھى تاماقخانىسىدا، دۇكان ئىگىسى ئابدۇللا غوجىھاشىم قاراقاش ناھىيەسىدىكى ئاپىسى بىلەن يانفوندا سىنلىق كۆرۈشۈپ، قىپقىزىل شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆرسەتتى ـــ ئۇ يېقىندىلا 2019 ـ يىللىق جياڭشى ئۆلكىسى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس بولۇپ باھالانغانىدى.

(ئاخىرى 7 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 ـ قېتىملىق يىغىنى يېپىلدى

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنى كېلەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئېچىش قارار قىلىندى

مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 ـ قېتىملىق يىغىنى يېپىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنى 2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىش قارار قىلىندى.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

# جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ پولات سېپىلىنى قۇرۇپ چىقىمەن

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى جاپپار ھەببۇللا

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ،

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر قاتار مۇھىم ماقالىلىرىنى مەخسۇس ئۆگەندى

# شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك

چېن چۇەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى شۆھرەت زاكىر، سۈن جىنلۇڭ قاتناشتى

**مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر قاتار مۇھىم ماقالىلىرىنىڭ روھىنى مەخسۇس ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندىن بۇرۇن، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار ئەستايىدىل ئۆگىنىش قىلدى. يىغىندا، شۆھرەت زاكىر، سۈن جىنلۇڭ، تيەن ۋېن پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۇنجېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يازما سۆز قىلدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن چېن چۇەنگو سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر قاتار مۇھىم ماقالىلىرى پارتىيەنىڭ سىياسىي لۇشيەنى، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇش، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى چوڭقۇر تەپەككۇرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ،

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)